# زادى بازار ئىگىلىكىمۇ ياكى زورلاپ ئېلىش-سېتىشمۇ

## ——ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەقىقىي ئەپت-بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□جۇڭ شېڭ

«بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاشۇ ئادىل بولمىغان ئىقتىسادىي قىلمىشنى ئەيىبلەپ، بازار توسالغۇسىنى بۇزۇپ تاشلايمىز.» ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ئەزەلدىن دەبدەبىلىك. بىراق ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى ئامېرىكا تەرەپنىڭ نۇرغۇن سىياسىتى ۋە قىلمىشى خىلمۇخىل ئادىلسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بازار ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇغا ئايلانماقتا.

ئەڭ يېڭى دېلو مىسالغا قاراپ باقايلى. يېقىندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق كارخانىلىرىنى «ئەمەلىي كۆزىتىش تىزىملىكى»گە كىرگۈزدى، تىزىملىكتىكى كارخانا ياكى شەخسلەر سېتىۋېلىش ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق، ئامېرىكا تېخنىكىسىغا ئېرىشمەكچى بولسا ئالاقىدار ئىجازەت ئېلىشى كېرەك. چەكلەش بۇيرۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، زەنجىرسىمان قامال قىلىش، دۆلەت ئاپپاراتىنى ئىشقا سېلىپ باشقا دۆلەت كارخانىلىرىغا بېسىم قىلىش، ئەجەبا بۇ دەل ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار ماختىنىۋاتقان «بازار ئىگىلىكى» «ئەركىن رىقابەت»مۇ؟ ئامېرىكا تەرەپ ئۆزىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ قوغدىغۇچىسى، دەپ ھېسابلاپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئەيىبلەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا بازار ئىگىلىكى قائىدىسىنى قوپاللىق بىلەن ئىلغاپ، خەلقئارا ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىنى سۇيىئىستېمال پوزىتسىيەدە بىر تەرەپ قىلدى. مۇشۇنداق سۆز-ھەرىكەتتە بىردەك بولماسلىق، زورلاپ ئېلىش-سېتىش قانداقمۇ بازار ئىگىلىكى قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلسۇن، شۇنداقلا كىشىنى قانداقمۇ قايىل قىلالىسۇن؟

ئۆتكەنكى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپ ھە دېسىلا «دۆلەت خەۋپسىزلىكى» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن كۆپ قېتىملىق چەت ئەل مەبلىغىنىڭ قوشۇۋېلىش-سېتىۋېلىش سودىسىنى رەت قىلدى. يەنە رەڭلىك كۆزەينەك تاقىغان بەزى ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلار ياكى بولمىسا ئاساسسىز ھالدا جۇڭگو كارخانىلىرىغا «خەۋپسىزلىك خەتىرى» يۇندىسىنى چاچتى، ياكى بولمىسا ئامېرىكىلىقلارنى جۇڭگو ياسىغان ھەرقانداق تاۋارنى سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا قۇتراتتى. بۇ قىلمىشلارغا تېرەك بولۇۋاتقىنى «زورلاپ ئېلىش-سېتىش»تىن ئىبارەت زومىگەرلىك لوگىكىسى: ئامېرىكا نېمىنى ئاسان ئىشلەپچىقارسا، دۇنيا چوقۇم شۇنى سېتىۋېلىشى كېرەك، ھالبۇكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئامېرىكىغا تۆۋەن قوشۇلما قىممەتلىك مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنىلا ئېكسپورت قىلىشى، جەزمەن ئۇزاق مۇددەت خاتىرجەم ھالدا ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان جاي، تۆۋەن دەرىجىلىك مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىنىدىغان جاي بولۇشى كېرەك، «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» ئۈچۈن، باشقا دۆلەتلەر جەزمەن شەرتسىز يول قويۇشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ نەزەرىدە پايدىلا بار، قائىدە يوق، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق قائىدىنى دەپسەندە قىلىشقا بولىدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تالاش-تارتىشلارنى كېسىم قىلىش تەتقىقات دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا بۈگۈنگە قەدەر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېسىمىگە بويسۇنمىغان ئەڭ چوڭ «قائىدىگە بويسۇنمىغۇچى» ئىكەن. خىلمۇخىل ئالامەتلەر شۇنى بىلدۈرىدىكى، تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش ئاللىبۇرۇن ئامېرىكىنىڭ سودا ھەمراھلىرىغا بېسىم قىلىش قورالى بولۇپ قالغان، ھەرقانداق دۆلەت زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»مۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئامېرىكا تەرەپ «باشقا دۆلەتلەر بىلەن يېڭى سودا بىتىمى ھاسىل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئارقىدىنلا بۇ كېلىشىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ مەقسەتكە يېتىشنى مۇھاكىمە قىلىدۇ». نۇرغۇن خەلقئارالىق زاتلارنىڭ قارىشىچە، ۋاشىنگتون ھەمىشە «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»نى قوغلىشىپ، ۋاستە تاللىماي ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى «ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغۇچى» ۋە «تەرتىپ بۇزغۇچى» ئىكەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم قىلمىشلىرى ئادىل، ئوچۇق، ھەمكارلىشىدىغان بازار ئىگىلىكى قائىدىسىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكا زومىگەرلىكى ۋە تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى قوغداش، بۇ «باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى كۆرەلمەسلىك»تەك شەخسىيەتچىلىك پىسخىكىسىنىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر. سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 3-ئايغىچە، 5G خەۋەرلىشىشى ئېھتىياجلىق ئۆلچەمنىڭ زۆرۈر پاتېنت ئىلتىماس سانىدا، جۇڭگو 34.02%نى ئىگىلىگەن، ئامېرىكا ئاران 14%نى ئىگىلىگەن. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۇنىڭ بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا «5G ئامېرىكا ئۇتمىسا بولمايدىغان بىر مەيدان نۆل يىغىندىلىق ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى» «خۇاۋېينى جايلىۋېتىش جۇڭگو-ئامېرىكا كېلىشىمى ھاسىل قىلىشتىن ئون ھەسسە مۇھىم» دەپ جاكارلىدى. ئامېرىكا بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدا خەۋپسىزلىك خەۋپ-خەتىرى مەۋجۇت دەپ ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى توپلاپ، رىقابەتچىلەرنى مەخپىي كۆزىتىپ، بۇ شۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈردىكى، ئاتالمىش خەۋپسىزلىك خەۋپ-خەتىرى دەستىكى، تېخنىكىنى مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈپ بېرىش باھانىلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى بېسىشتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقىي مەقسەتكە مۇلازىمەت قىلىدۇ. يېقىندا مودا بولۇۋاتقان «ئامېرىكا تۇزىقى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئوچۇقتىن-ئوچۇق مۇنداق ياندۇرۇپ سورىدى: «تونۇلغان ئالستوم، بۈگۈن خۇاۋېي، ئۇنداقتا ئەتە يەنە كىم بولار؟»

«ئالىيجاناب رىقابەت بارلىق قالتىس ئىقتىدارنىڭ مەنبەسى». ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشى كېرەك. توختام روھىنى دەپسەندە قىلىش، قانۇنچىللىق قائىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئادىل رىقابەتنى بۇرمىلاش، ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلىشى «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»نى ئىشقا ئاشۇرمايلا قالماستىن، تەتۈر ئۈنۈم بېرىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ئارقىلىق كەسىپ قايتما ئېقىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋال ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى، تېسلا شاڭخەيدە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، خاللىبىي موتوسىكلىتمۇ چېگرا سىرتىغا بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى يۆتكەشنى قارار قىلدى؛ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خۇاۋېينى قامال قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى بېسىشنى ئۈمىد قىلدى، لېكىن بارغانسېرى كۆپ دۆلەت خۇاۋېي تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى، مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر يېقىندا خۇاۋېي تېخنىكىسىنى ئىمكانقەدەر كۆپ ئىشلىتىمىز دەپ ئاشكارا بىلدۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىقتىساد يەر شارىۋىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئۆزئارا سىڭىشكەن بولۇپ، كىمنىڭ بىلىكىنىڭ توملۇقى، كۈچىنىڭ زورلۇقىدا بەسلىشىدىغان زومىگەرلىك دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى قائىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشى ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، خالاس.

«بىر كەسىپ مۇبادا جەمئىيەتكە پايدىلىق بولسا، ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىش، كەڭ دائىرىدىكى رىقابەتلىشىشكە يول قويۇش كېرەك، رىقابەت قانچىكى ئەركىن، قانچىكى ئومۇمىيۈزلۈك بولغانسېرى، بۇ كەسىپ جەمئىيەتكە شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ». ئادام سىمىتنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى ئامېرىكىدىكى يۇقىرى قاتلام سىياسەتۋازلارنىڭ ئېسىدە بارمىدۇ؟ 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئامېرىكا 20 مىڭ خىلدىن ئاشىدىغان چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئامېرىكىدا ئىقتىسادىي چوڭ كاساتچىلىق پەيدا قىلغان، بۇ تارىخنى ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى تېخىمۇ ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. بازار قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندا، زورلاپ ئېلىپ-ساتقاندا، بىر دۆلەت «يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ» بولالمايلا قالماي، ئەكسىچە چوڭ دولقۇننىڭ قۇم چايقىشىدەك تارىخىي ئېقىندا دەردىنى ئۆزى تارتىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 7-كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 3-بەتتە)

ئامېرىكا نيۇيورك، «چىن-خەن مەدەنىيلىكى» چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمىسى قىزغىن دولقۇن قوزغىدى، پۈتۈن يەر شارىدىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بىر مەيدان جۇڭگونىڭ قەدىمىي مەدەنىيلىكىنىڭ كۆرۈش سېزىمى كاتتا زىياپىتىدىن ھەممىبەھرىلەندى.

بۈگۈنكى جۇڭگو تېخىمۇ ئوچۇق قىياپەتتە دۇنياغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنياغا تۆھپە قوشماقتا.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئاپپاراتلىرى كامبودژا قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى ئالتە دۆلەتتە 11 تۈرلۈك تارىخىي قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇردى؛ 30غا يېقىن جۇڭگو ئارخېئولوگىيە كەسپىي ئاپپاراتى سەئۇدىي ئەرەبىستان قاتارلىق 22 دۆلەتكە بېرىپ، 32 تۈرلۈك بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنى يولغا قويدى؛ جۇڭگو ئامېرىكا قاتارلىق 22 دۆلەت بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانۇنسىز چېگرادىن ئېلىپ كىرىش، ئېلىپ چىقىشنى توسۇش بويىچە ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىم ئىمزالىدى، فرانسىيە قاتارلىق 20دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بىلەن 30غا يېقىن ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالىدى؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇزېيلار چېگرادىن ئېلىپ كىرىش، ئېلىپ چىقىش كۆرگەزمىسىدىن 500گە يېقىننى ئۆتكۈزدى، كۆپلىگەن چېگرادىن ئېلىپ چىقىش كۆرگەزمىسى قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى...

دۇنيا تەبىئىي مىراسلار جايىنىڭ يېقىملىق، گۈزەل مەنزىرىسىدىن كىشىلەر قىيالمىدى، ئەسلىدىكىدىنمۇ نەپىس بېزەلگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالتۇن چاچلىق، كۆك كۆزلۈك تاماشىبىنلارنى قايتا-قايتا ھەيران قالدۇردى، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنغان قەدىمكى تېخنىكا، ھۈنەر تېخىمۇ كەڭ يەر شارىۋى بازارنى جەلپ قىلدى، مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىراپ قىلىشى، ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە پەخىرلىنىشى دۆلەتكە بولغان تېخىمۇ چوڭقۇر، قىزغىن مۇھەببەتكە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچكە ئايلانماقتا.

«ھەر بىر خىل مەدەنىيلىكنىڭ ھەممىسى بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى تومۇرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش، ئەۋلادمۇئەۋلاد قوغداشقا موھتاج، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ موھتاج».

2018-يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، «ئەگەر دۆلەت گۆھىرى سۆزلىيەلىسە» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم دوستلار چەمبىرىكىنى قاپلىدى. بۇنىڭغا ياندىشىپ «سىزگە دۆلەت گۆھىرىدىن قالدۇرۇلغان سۆز كەلدى، دىققەت بىلەن تاپشۇرۇۋېلىڭ» دېگەن مۇقەددىمىگە ئەگىشىپ، «ئېسىل، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە يېقىملىق، سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلاندى.

جۇڭگو ئورنىدىن تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋاتقاندا، مىراسلارنى قوغداش ئىشلىرى ئىجادىي ئايلاندۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتماقتا.

تاماشىبىنلار سانى «شىددەتلىك» ئېشىش، مۇزېيغا «جەزمەن بېرىش» كونسېرى ئاۋامنىڭ ئىستىراھەت كۆڭۈل ئېچىشىدىكى مۇھىم شەكلىگە ئايلاندى.

گۇگۇڭدىكى مەرۋايىت تىڭشىغۇچ، دۆلەت مۇزېيىدىكى ساپالىق كەمپۈت سوۋغات قۇتىسى، دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىكى «يۇڭلې قامۇسى»دىكى سالامخەت... مەدەنىيەت ئىجادىي مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش تەدرىجىي ياخشى ھالەتكە كىردى.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى پائالىيىتى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلىملىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ۋارىسلىرىنى مۇنبەرگە چىقىرىش، ھەممە كىشى جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان جانلىق ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە.

...

«مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بىپايان زېمىندىكى مىراسلار، قەدىمىي كىتابلارغا يېزىلغان يېزىقلارنى جانلاندۇرغاندىلا، ئاندىن جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ياراتقان مول، رەڭدار مەدەنىيلىك بىلەن بىللە، ئىنسانىيەتنى توغرا مەنىۋى يېتەكچى ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ».

5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخى، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى 170 يىلدىن كۆپرەك كۈرەش تارىخى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 90 يىلدىن كۆپرەك كۈرەش تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىنغان قىممەتلىك مىراسلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسى، ئىپتىخارلىقنى ئويغىتىپ، ئۇلۇغ گۈللىنىشكە ئاتلىنىش مۇساپىسىدە قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، قەددىنى رۇسلاپ مەردانە قەدەم تاشلاتقۇزىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 9-كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لىن جىيې: مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرغىچە ئادا قىلدى غەربىي خۇنەنگە ئىسسىق قېنى تۆكۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 6-ئاينىڭ 3-كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر تېڭ جۇنۋېي)** خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋۇگاڭ ناھىيەسىدىكى قۇربانلار قەبرىستانلىقى، تاغنىڭ جەنۇبىي باغرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر رەت قۇربانلار قەبرە تېشى ئارىسىدا، كۆلرەڭ مەرمەردىن ياسالغان ئېگىز قەبرە تېشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۇنىڭغا: «باندىتلارنى تازىلاش يولىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، ۋۇگاڭ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لىن جىيېنىڭ قەبرىسى» دەپ يېزىلغاندى. بۇنى ۋۇگاڭ ناھىيەسىدىكى خەلق غەربىي خۇنەندە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان باشقا يۇرتلۇق بۇ قۇربانىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلىگەن. لىن جىيې، يەنە بىر ئىسمى لىن شۆتيەن، 1918-يىلى خۇاڭشيەن ناھىيەسى (ھازىرقى لۇڭكوۋ شەھىرى)نىڭ ئوۋتوۋيۈجيا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. سەككىز يېشىدا ئوقۇشقا كىرگەن، كېيىن يەنە ئاتىسىغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلغان، 1939-يىلى يۇرتىغا قايتىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن.

1941-يىلى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگو خەلقىنى بۇلاش ۋە تالان-تاراج قىلىشنى كۈچەيتكەن، ئەينى چاغدىكى لىن جىيېنىڭ يۇرتىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئون كىلومېتىر كېلىدىغان جاي ياپون قورچاق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى خۇاڭشيەن ناھىيە بازىرى، كەنتنىڭ شەرقىگە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان جاي ياپونىيە قورچاق خۇاڭچېڭ يىغىلىش نۇقتىسى ئىدى. ياپون قورچاق ئارمىيەسىنىڭ گىرەلەشمە ھۆكۈمرانلىقىدا، لىن جىيېنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش خىيالى يوققا چىققان. 1942-يىلى ئۇ ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلىپ، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قاينىمىغا ئاتلانغان.

لىن جىيې ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بېيخەي مۇستەقىل تۈەنى، خۇاڭشيەن ناھىيە بازىرى شىمالىي رايونى قوراللىق بۆلۈمى، خۇاڭشيەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، خۇاڭشيەن ناھىيەلىك قوراللىق بۆلۈم قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. بۇ مەزگىلدە، ئۇ مەيلى قايسى خىزمەتنى ئىشلىسۇن، چىن دىلىدىن بېرىلىپ خىزمەت قىلغان، ئەزەلدىن پايدا-مەنپەئەت تەلەپ قىلمىغان، ھەمىشە يېرىم ئايدا بىر قېتىملا ئۆيىگە قايتالىغان. ئوغلى يەتتە-سەككىز ياشقا كىرگەندىمۇ دادىسىنىڭ تۇرقىنى بىلەلمىگەن.

بېيخەي مۇستەقىل تۈەندە ئەسكەر بولغان مەزگىلدە، قىسىم دائىم خۇاڭشيەن ناھىيەسى تەۋەسىدە جەڭ قىلغان. ھەر قېتىم ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لىن جىيې شۇ يەرلىك كىشىلەرنى ئوبدان تونۇش، شۇ يەرنى پىششىق بىلىشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، توك سىملىرىنى ئۈزۈپ، يوللارنى بۇزۇپ، گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن.

جاپالىق ئۇرۇش مۇھىتى لىن جىيېنى چېنىقتۇرغان. 1944-يىلى ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1948-يىلى، جياۋدۇڭ ھەربىي رايونى پارتكومى كادىرلارنى جەنۇبقا بېرىپ يېڭى ئازاد بولغان رايونلارغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەندىشىسى، خوتۇنىنىڭ قوشۇلماسلىقى لىن جىيېنى تەڭلىكتە قويغان، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى قايىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھازىر ئائىلىمىزدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بار، ئەمما باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى يوقمۇ؟ مەن كومپارتىيە ئەزاسى، جاھان ئىشلىرىنى ۋەزىپەم دەپ بىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن جەنۇبقا بېرىشىم كېرەك».



لىن جىيېنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

قىسىمنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، لىن جىيې سەپەر ئۈستىدە ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە تەشۋىق قىلىپ ماڭغان، بىر جايدا توختىغاندا ئەتراپتىكىلەرگە تەشۋىق قىلغان، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خېنەننىڭ پۇ ياڭ، جياشيەن ناھىيەسى، خۇنەننىڭ يۆياڭ قاتارلىق جايلىرىدا تۇرغان. 1949-يىلى 7-ئايدا، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسى ۋۇگاڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ۋۇگاڭ خۇنەننىڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، باندىتلارنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى. لىن جىيې ئۈستىبېشىدىكى توپا-چاڭنى قېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، باندىتلارنى تازىلاپ يوقىتىش، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان. 1950-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى، رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترەت بىر توپ باندىتنىڭ گۈللۈكتىكى زېڭ جەمەتى ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇۋالغان، شۇ چاغدا ئىككىنچى رايوننىڭ رايون باشلىقى بولغان لىن جىيې دەرھال قوشۇننى باشلاپ بارغان، بىراق باندىتلار قېچىپ كەتكەچكە تۇتالمىغان. ئۇ دۈشمەن ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ تەھلىل قىلىپ، ئوتتۇرا ئەترەتكە پىستىرما قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كېچىدە يامغۇر يېغىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. سائەت 22 لەردە، يىراقتىن قالايمىقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغان، قاراۋۇلنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالغاندىن كېيىن، باندىتلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، تېزدىن ئوت كۈچى تەشكىللەپ توسۇپ زەربە بەرگەن.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، ھۇجۇم ئوت كۈچىگە گراناتومېتنىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئارىلىشىپ كەتكەن. «باندىتلارنىڭ كۆپىنچىسى قىسىمدىن ئايرىلىپ قالغان ئەسكەرلەر، بولمىسا ھەرگىز بۇنداق تەرتىپلىك ھۇجۇمنى تەشكىللىيەلمەيدۇ.» لىن جىيې مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ، بۇنىڭ خاتا جەڭ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. ئەسلىدە قارشى تەرەپ يەنە بىر باندىت تازىلاش قىسمى بولۇپ، ئىككىنچى رايوندىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئۈلگۈرمەيلا، باندىت تازىلاشقا كېلىپ، بۇ خاتا جەڭنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

شۇ چاغدا پارتلاش ئاۋازى ئەتراپنى قاپلىغان بولۇپ، بىر مىنۇت ئارتۇق داۋاملاشسا، بىر ئۆلۈش تالاپەت كۆپىيەتتى، لىن جىيې كۆپ ئويلاشقا ئۈلگۈرمەي، بىر تەرەپتىن رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترەتكە ئوققا تۇتۇشنى توختىتىش بۇيرۇقى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ: «بولدى ئوق ئاتماڭلار، بىز ئىككىنچى رايوندىكى رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترەتتىن، ئۆز ئادەملەر!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغان. لىن جىيې قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، گەۋدىسىنى دېرىزە سىرتىغا چىقارغان. توساتتىن، بىر پاي ئوق لىن جىيېنىڭ كۆكرىكىگە تەگكەن، ئۇ يىقىلغان. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندىمۇ، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇنداق دېگەن: «تېز، تېز، ئالاقە سىگنالى چېلىڭلار!» كاناي ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئوق ئاۋازى دەرھال توختىغان، لېكىن لىن جىيې قايتا ھوشىغا كېلەلمىگەن.

1951-يىلى لىن جىيې خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ باھالاپ بېكىتىلگەن.

لىن جىيېنىڭ تەسىرىدە، ئۇنىڭ ئوغلى لىن شىخەي، نەۋرىسى لىن جۇنگۇاڭمۇ ئارمىيەگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئازادلىق ئۇرۇشىغىچە، يەنە تىنچلىق مەزگىلىگىچە، لىن ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش مۇھەببىتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)